# ئىنسانىيەت ئىسلام شەرىئىتىگە مۇھتاج

[ئۇيغۇرچە]

# حاجة العالم إلى الشريعة الإسلامية

[باللغة الأويغورية]

خاتىپ: شەيخ ئابدۇراھمان ئىبنى ئابدۇلئەزىز سۇدەيس
الخطيب: الشيخ عبد الرحمن بن عبد العزيز السديس

تەرجىمە قىلغۇچى: سىراجىددىن ئەزىزى

المترجم: سراج الدين عزيزي

**تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ن. تەمكىنى**

**المراجعة: ن. تمكيني**

**رىياد شەھرى رەبۋە رايونى دىن تەشۋىقات ھەمكارلىق مەركىزى**

**المكتب التعاوني للدعوة وتوعية الجاليات بالربوة بمدينة الرياض**

**1429 - 2008**

islamhouse.com

# ئىنسانىيەت ئىسلام شەرىئىتىگە مۇھتاج

2008-يىلى 10-ئاينىڭ 24-كۈنىدىكى جۈمە خۇتبىسىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ -سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇتلار ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ھەرەمدە جۈمەنامىزى ئۇچۇن يىغىلغان يۈزمىڭلارچە مۇسۇلمانلارغا:

"دۇنيا خەلقى دۇچ كېلىۋاتقان ھەرخىل قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىشتا ئەڭ توغرا ھەل قىلغۇچ تۈزۈم ئىسلام شەرىئىتىدۇر" دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيە لەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار ئاللاھدىن قورقۇڭلار! ئاشكارا- مەخپىي ھاللاردا تەقۋا قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا - ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرىغان ئىشلارغا ئالدىراش، ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

دۇنيا خەلقى بۈگۈنكى كۈندە ئوخشاش بولمىغان كرىزىس، قىيىنچىلىقلار، ماددىي بورانلارغا دۇچ كېلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ئاساسلىق مەسىلە ئىنسانىيەتنى قانداق قىلغاندا بەختلىك قىلىش، دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرنى قانداق بىتەرەپ قىلىش نۇقتىسىغا تاقىشىدۇ. ئىنسانلارنىڭ دۇنيا-ئاخىرەتلىك بەخت-سائادىتى، جەمئىيەتنىڭ ياخشىلىقى ۋە پاراۋانلىقىغا شىپا بولىدىغان مەلھەمدىن ئىبارەت دورا شەرىئەتتىن ئىبارەتتۇر. شەرىئەت كۆرسەتمىسى بىلەن ماڭغان ھەرقانداق جەمئىيەت ۋە شەخس ئۆزىنىڭ بارلىق قىيىنچىلىقلىرىغا چارە تاپالايدۇ.

ئاللاھ تائالا ئىرادە قىلغان شەرىئەت مەڭگۈلۈك يول بولۇپ ئاللاھ بۇ شەرىئەتنى ساماۋى دىنلاردىكى ئەڭ ئاخىرقى پارلاق يول قىلىپ بېكىتكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن بۇ شەرىئەت بولسا ئىنسانىيەت ئۈچۈن رەھمەت، ھىدايەتتۇر. شەرىئەت بولسا بىر ئىزدا توختاپ قالىدىغان قامال يول بولماستىن ھەر زامان ۋە ماكانىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلىدىغان، ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك، كۈنگە يۈز بېرىۋاتقان ھادىسىلەرگە قارىتا چارە ـتەدبىر كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان ئىلاھى قانۇندۇر. ھېچقاچان چىقىش يولى توختاپ، ئاجىز كېلىدىغان ئەھۋال مەۋجۇت ئەمەس. شۇڭلاشقا شەرىئەت ئىنسانلارنىڭ ئەھۋالىنى نەزەردە تۇتۇپ ئىجتىھادتىن ئىبارەت پرىنسىپنى ئوتتۇرىغا قويغان. ۋەقە، زامان، ماكان تەقەززاسى بويىچە يۈزبەرگەن ھادىسىلەرگە ئىنسانىيەتنىڭ ئېھتىياجى ۋە تەقەززاسىغا قاراپ مەسىلىنى ھەل قىلىدۇ. شەرىئەت ئۆزىنىڭ قانۇن ـتۈزۈملىرىدە پايدا ـزىيان، مەنپەئەت، زىيانلىق تەرەپلىرىنى نەزەردە تۇتىدۇ. شۇنداقتىمۇ شەرىئەتنىڭ غايە ـمەقسەتلىرىنى ياخشى شەكىلدە ئوتتۇرىغا قويۇش ئۈچۈن ئىسلام دىنى تالانتلىق ئالىملارغا مۇھتاج. شەرىئەتنىڭ غايە، مەقسىتىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش، يۈزبەرگەن ھادىسىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن بۇ ساھەدە يېتىشكەن تالانتلىق ئالىملار كېرەك.

شەرىئەت مەنپەئەتىنى ئوچۇقلاش مەسىلىسى بۈگۈنكىدەك كىرىزىستا نامايەن بولىدۇ. بىر تەرەپتىن ئاللاھقا خالىس ئىبادەت قىلىش بولسا يەنە بىر تەرەپتىن بەندىلەرنىڭ مەنپەئەتى، ۋە رەھىمدىللىق تەرىپىدۇر. بۈگۈنكى كۈندە ئوتتۇرىغا چىققان ئىقتىساد كىرىزىسى دۇنيا خەلقىنىڭ ھەممىنى ئۆز

ئېچىگە ئالغان بولۇپ، بۇ كرىزىسنى ھەل قىلىپ يېڭىپ چىقىشقا ئەڭ لاياقەتلىك تەرەپ ئىسلام ئۈممىتى ۋە شەرىئەتتۇر. دۇنيا خەلقىنىڭ كرىزىسى، دۇنيانىڭ مۇقىملىقى، ئەخلاقى، ئىقتىسادىنى ھىمايە قىلىش بولسا شەرىئەتتىن باشقا يول ئارقىلىق ھەل قىلىنىشى مۇمكىن ئەمەس. دۇنيادا ھەققانىيەت، ئادالەت تۇرغۇزۇلسا، ئامانلىق، مۇقىملىق ئومۇملاشسا، زۇلۇم، ئالدامچىلىق، جازانىخورلۇق، باشقىلارنىڭ قان تەرى بەدىلىگە مەنپەئەتكە ئېرىشىشتەك خاتا يوللار غا چەك قويۇلسا دۇنيانىڭ كرىزىسى ھەل قىلىنىدۇ.

ھازىرقى مۇھىم مەسىلە ئىلىم ئىگىلىرى، مۇتەپەككۇرلار، ئىسلاھاتچىلارنىڭ ئىسلام شەرىئىتىنىڭ مەقسەت، مەنپەئەتلىرىنى نامايەن قىلىپ ھازىرقى زامان دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش چارىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى ئىنتايىن مۇھىمدۇر. دۇنيا خەرىتىسىدە ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئورنى نامايەن بولىشى كېرەك . دۇنيا خەلقى دۇچ كېلىۋاتقان تەبىئى ئاپەتلەر، سونامىلار، دىنى، سىياسىي، ئىقتىسادى داۋالغۇشلاردىن چىقىش يولى بىرلا ئىسلام شەرىئىتىنى ھەقىقىي تۈردە ئىجرا قىلىشتا. ئىسلام دۇنياسىدا ئەمەس بەلكى غەرب ئەللەردىمۇ دۇنيانىڭ ئەقىل ئىگىلىرى ھازىر دۇنيا خەلقى دۇچ كېلىۋاتقان ئىقتىسادى كرىزىس، ھالاكەتتىن چىقىش يولى پەقەتلا ئىسلام شەرىئىتىنى ئىجرا قىلىش ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويماقتا. ئىسلام دۇنياسىدىكى ئەقىل ئىگىلىرى بۇ مەسىلىدە جىددىي ئويلىنىشى كېرەك. ئۈممەت بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شەرىئەتنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشى، ئىسلام شەرىئىتى چەكلىگەن ئىشلاردىن قول ئۈزۈشى كېرەك. ئۈممەت

ئۆزىدىكى ئەڭگۈشتەرنى تاشلاپ قويۇپ باشقىلارنىڭ سىزىپ بەرگەن سىزىقى، ھايات يولىدا مېڭىشنى خالايدىكەن ھېچقاچان روناق تاپالمايدۇ. ئىسلام ئۈممىتى دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەرگە ئۆز لايىقىدا مۇئامىلە قىلىش، دىنىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ۋەزىپىسىدۇر. كېسىپ ئېيتالايمىزكى، دۇنيا دۇچ كېلىۋاتقان ئىقتىسادى، سىياسىي كرىزىستىن چىقىشنىڭ بىرلا يولى ئىسلام شەرىئىتىنىڭ غايە، مەقسەتلىرىنى تولۇق نامايەن قىلىپ شۇ ئارقىلىق ئىنسانىيەت دۇچ كەلگەن ۋە كېلىۋاتقان كرىزىسلارنى ھەل قىلىشتىدۇر.